


# ئاقتۇدىكى نامرات چارۋىچىلار زامانىۋى مەھەللىلەرگە كۆچۈپ كىردى

☐ مۇخبىرىمىز خې لىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ساۋ يۈچى، ما جۈنفېڭ

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، غۇر ـ غۇر كۈز شامىلى چىقىپ ھاۋا سوۋۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى كۆنلۈن جىايۈەن مەھەللىسى بەكلا قىزىپ كەتكەنىدى. بالىلار مەھەللىدىكى مەيداندا ئويناۋاتاتتى، ياشانغانلار ئىككى ـ ئۈچتىن يىغىلىپ ئازادە پاراڭلىشىۋاتاتتى.

سائەت 11دە، ناشتا قىلىپ بولغان 70ياشلىق تۇردىقان يىمان ئۆيىدىن چىقىپ، مەھەللىدىكى مەيدانغا بېرىپ، ياشانغانلار «سېپى»گە قوشۇلدى.

«بۇ يەردىكى تۇرمۇش بەك قولاي ئىكەن! ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ بۇنداق ياخشى كۈن كەچۈرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم» دېدى تۇردىقان چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان ھالدا تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشنى بايان قىلىپ.

تۇردىقان ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ چارلۇڭ يېزىسى تويلۇ بۇلۇڭ كەنتىنىڭ ئاھالىسى بولۇپ، 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يېزىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئاھالىلەر بىلەن بىللە تاغدىن كۆچۈپ چىقىپ، كۆنلۈن جىايۈەن مەھەللىسىگە كىرىپ رەسمىي ئولتۇراقلاشقانىدى.

تۇردىقان ئائىلىسىدىكىلەر ئىلگىرى تۇرغان تويلۇ بۇلۇڭ كەنتىنىڭ ئاقتۇ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 230 كىلومېتىر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغلىق رايونغا جايلاشقان. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز بولغاچقا، سۇ يەتكۈزۈش، توك يەتكۈزۈش، يول ياساش، ئۆي سېلىش تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بوشلۇقى بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنتنىڭ ئۇل ئەسلىھەسى ۋە ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قالغان.

نامراتلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقتۇ ناھىيەسى ناھىيەنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ ئالاھىدە قىيىن ئەھۋالغا ئاساسەن، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەرەققىيات پىكىر يولىنى تۈزدى. «2016 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، بىز نۇقتىلىق ھالدا كۆنلۈن جىايۈەن ۋە سىلۇ جىايۈەندىن ئىبارەت نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسىدىن ئىككىنى قۇردۇق. 2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، كۆچۈرۈش پىلانى بويىچە، چارلۇڭ يېزىسىنىڭ ئېغىر نامرات كەنتىدىكى نامرات ئاھالىلەرنى تۈركۈمگە بۆلۈپ باشقا جايغا كۆچۈرۈشنى يولغا قويدۇق، شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇنجى تۈركۈم ـ قىسمەن 428 ئائىلىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن 1758 نامرات ئاھالە كۆنلۈن جىايۈەن مەھەللىسىگە ئوڭۇشلۇق كۆچۈرۈلدى» دېدى ئاقتۇ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چېڭيۈڭ.

ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، تويلۇ بۇلۇڭ كەنتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈمدىكى 74 ئائىلىلىك نامرات ئاھالە تاغدىن كۆچۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، چارلۇڭ يېزىسىدىكى 983 ئائىلىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن 4057 نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسى كۆچۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆنلۈن جىايۈەن مەھەللىسى ۋە سىلۇ جىايۈەن مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشتى.

چەت، يىراق، قالاق نامرات كەنتلەردىن ئەسلىھەلىرى تولۇق، تۇرمۇشى قولاي زامانىۋى مەھەللىگە كۆچۈپ كىرىپ، چارۋىچىلارنىڭ شەھەرگە كىرىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى. بۇ زامانىۋى مەھەللىلەردە، ئۆي قورۇلۇشى رەتلىك، سۇ، توك، يول، گاز قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر مۇكەممەل، مەكتەپ، دوختۇرخانا، تاللا بازار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەل.

«ياش ۋاقتىمدا ئىزچىل تاغلىق رايوندا مال باققانىدىم، قېرىغاندا شەھەرگە كىرىپ تۇرىدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىكەنمەن. پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى تۇرمۇشىمنى ئۆزگەرتتى، مېنى تاغدىن چىقىپ، تاشقى دۇنيانى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى تۇردىقان ھاياجىنىنى باسالماي.

يېڭى ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ئەتىسى، تۇردىقان ئوغلىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى بازارغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇپ كېلىشىگە ئالدىراپ كەتتى، يۈز ـ كۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ئەڭ چىرايلىق كىيىمنى كىيىپ، ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىكى مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ياشانغانلار كۆڭلىدىكىدەك مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىدىن بەھرىلىنىشكە، ياشلار كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى.

2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، كەنت ئاھالىسى سارە قۇربان بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئاشخانا ئاچتى، ئۇ كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاشخانا ئېچىپ ئىگىلىك تىكلەش ئىلتىماسى سۇنۇپدى، تېزلا تەستىقلاندى ھەم كۆچۈرۈش نۇقتىسىدىكى 56 كۋادرات مېتىرلىق بىر دۇكان تەقسىملەپ بېرىلدى. تىجارەت كىنىشكىسى ئىلتىماس قىلىپ ئېلىشتىن دۇكاننى بېزەشكىچە بولغان بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا ئاشخانىدا تىجارەت باشلاندى. ھازىر، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىگە تايىنىپ، سارەنىڭ ئاشخانىسى ئايدا ئاز دېگەندە 10 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۈلقەھلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

سارە ئۆزى پۇل تېپىپلا قالماي، يەنە ئالتە نامرات ئاھالىنىڭ ئاشخانىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى ھەم ئايدا ئۇلارغا 1500 يۈەندىن 4000 يۈەنگىچە مائاش بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلار ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، ھەممىسى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنىڭ ياخشى يولىنى تېپىۋالدى.

«چارۋىچىلىق رايونى»دىن «شەھەر رايونى»غىچە، «چارۋىچىلار»دىن «ئاھالىلەر»گىچە، كۆچۈپ كەلگەن نامرات ئائىلىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدا، ئۆز ئەۋزەللىكىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، «كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى. كەلگۈسىدە، ئۇلار داۋاملىق ئارزۇسىدىكى يېڭى تۇرمۇشقا قاراپ ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئىلگىرىلەيدۇ.




موللاشېرىپ:

# كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى 44 يىل چىڭ تۇرۇپ قوغداش

☐ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ياڭ شياۋدۇڭ

موللاشېرىپ غاپپارنىڭ ئاق تاملىق، كۆك ئۆگزىلىك، ئەتراپىدا بىر نەچچە تۈپ چوڭ جىگدە دەرىخى بار داۋالاش ئۆيى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ ئاردا يېزىسى گەنخىزى ئۈچىنچى كەنتىگە جايلاشقان. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سائەت 9دا، داۋالاش ئۆيىنىڭ چىرىغى يېنىپ بولغانىدى، موللاشېرىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەچ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشكە كېلىشىنى ساقلاۋاتاتتى. «يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىلىرى ئىچىدە ياشانغانلار كۆپ، ئاغرىقلار ھەمىشە ئەتىگەندىلا داۋالاش ئۆيىگە كېلىدۇ» دېدى موللاشېرىپ.

«يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ بېشىڭىز يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟» «يۇقىرى قان بېسىمنىڭ دورىسىنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، بولمىسا بەك خەتەرلىك!» موللاشېرىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئاغرىقلاردىن سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورايتتى. «يېقىن ئەتراپتا نەچچە ئون كەنت ئاھالىسى بار، ئۇلارنىڭ قانداق كېسىلى بارلىقىنى ئاساسەن بىلىمەن، ئۇلارنىڭ كېسىلى كۆڭلۈمگە ئايان».

بۇ يىل 65 ياشقا كىرگەن موللاشېرىپنىڭ سالامەتلىكى ئىلگىرىكىدەك بولماي قالدى، ئۇ يېقىندىلا نەچچە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغانىدى، سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلمەيلا، ئاغرىقلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش، كېسەل تارىخىنى كۆرۈپ دىياگنوز قويۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

موللاشېرىپ ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىنى ئەسلىگىنىدە، كۆلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: كىچىكىمدىن دادامغا ئەگىشىپ دوختۇرلۇقنى ئۆگەندىم، يايلاق ماڭا موھتاج، يۇرتداشلار ماڭا موھتاج. 1975 ـ يىلى موللاشېرىپ شىنجاڭ جۇڭگو تېبابەتچىلىك مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى ئاردا يېزىلىق شىپاخانىغا خىزمەتكە چۈشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، كەڭ كەتكەن يايلاقتا، ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىقلاردا، مەيلى ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش بولسۇن، چىلانتورۇق ئاتقا مىنىپ پۇقرالارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش يولىدا كېتىۋاتقان ئېگىز، ئورۇق سىيمانى ھەمىشە ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولدى.

موللاشېرىپ پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ، يېزا ـ كەنتلەردە سەييارە كېسەل داۋالاشنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ناھىيە بازىرىغا 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بۇرۇلتوقاي قىشلاقلىرىدىكى چارۋىچىلار موللاشېرىپنىڭ قىلىن قاردا تاغ يولى توسۇلۇپ قېلىش خەتىرىگە قارىماي، ھەربىرى ئاتقا مىنىپ ھەربىر كىگىز ئۆيگە كىرىپ چارۋىچىلارنى سەييارە داۋالىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ؛ چىغان جىگدە يېزىسى چارۋىچىلىق 2 ـ ئەترىتىدىكى جانارگۈلنىڭ ھېلىمۇ ھازىرقىدەكلا ئېسىدە، 1984 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۇ ئېرى بىلەن مال بېقىۋاتقاندا، ئېرى تۇيۇقسىز يۈرەك تىقىلمىسىغا گىرىپتار بولغان، ئۇ يار ـ يۆلەكسىز قېلىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئېرىنىڭ يېنىدا بىچارىلەرچە يىغلاۋاتقاندا، چارۋىچىلىق مەيدانىدا سەييارە كېسەل كۆرۈۋاتقان موللاشېرىپ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان... ئۇزاققا سوزۇلغان جاپالىق دوختۇرلۇق قىلىش يىللىرىدا، موللاشېرىپ پۈتۈن ناھىيەدىكى بارلىق كەنتلەرنى ئايلىنىپ چىققان، ئۇ بۇ يەردىكى ھەربىر كىگىز ئۆينى پىششىق بىلىدۇ.

«دوختۇرنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ئوخشاش قەلبى بولىدۇ». 40 نەچچە يىلدا، موللاشېرىپ ھەر مىللەت ئاغرىقلار ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاز ئالدى ياكى كۆتۈرۈۋەتتى، ئۆز يېنىدىن 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقاردى. مۇخبىر ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، لەۋھەلەرنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيگە لىق ئېسىلغانلىقىنى كۆردى. ئۆيدىكى ھەربىر لەۋھە تەسىرلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىپلا قالماي، موللاشېرىپنىڭ يۇقىرى دوختۇرلۇق تېخنىكىسى ۋە ئالىيجاناب دوختۇرلۇق ئەخلاقىغىمۇ گۇۋاھ ئىدى.

موللاشېرىپنىڭ تەسىرىدە، قىزى نازىگۇل موللاشېرىپمۇ دوختۇرلۇق يولىغا ماڭدى، ھازىر يېزىلىق شىپاخانىنىڭ B چاۋ دوختۇرى بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى يېزا ـ بازاردىن يۆتكىلىپ كېتىش پۇرسىتى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ رەت قىلغانىدى.

«دادام ماڭا دوختۇرنىڭ مەسئۇلىيىتى كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش دېگەن، ھازىر ئاساسىي قاتلامدا دوختۇر كەمچىل، قېيىبلىپ ئاساسىي قاتلامدىكى پۇقرالار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن.» بۇ يىل 45 ياشقا كىرگەن نازىگۇلنىڭ يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىدا مۇلازىمەت قىلىۋاتقىنىغا 23 يىل بولدى.

«باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپلا قالماي، يەنە ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆڭۈل قويۇپ قوغداش كېرەك. ھەر مىللەت خەلقى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشى كېرەك.» كۆپ يىللاردىن بۇيان، موللاشېرىپ بوش ۋاقتى بولسىلا، چارۋىچىلىق رايونلىرى، مەكتەپلەرگە بېرىپ تەشۋىق قىلدى، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ياشلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، موللاشېرىپ «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇ شان ـ شەرەپكە نىسبەتەن مۇنداق دېدى: «مەن بىر دوختۇر، تېخىمۇ مۇھىمى بىر كومپارتىيە ئەزاسى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى داۋاملىق ياخشى قوغداپ، پېشقەدەملىك رولۇمنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشنى كۆپرەك قىلىمەن!»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ياخشى تاماملاش كېرەك.

بىرىنچى، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش ئاساسىدا ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە ھەقىقىي يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈش كېرەك. ئىرادە، سەۋرچانلىقنى ساقلاپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىشنى چۆرىدەپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش نىشان، ئۆلچىمىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، «ئالتە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بەتتە بىر تۈركۈم»نى ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ۋە ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا قېپقالغان نامرات ئاھالىلەرنى ئازايتىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالىلەرنى مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈشنى تۇتۇپ، چېكىندۈرۈش ئۆلچىمىنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىياسەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قەرەلى ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش كۈچىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

تۆتىنچى، مەسىلىنى تۈزىتىشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈش كېرەك. قاتتىق، ئەمەلىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشىگە ئاساسەن تۈزىتىشتىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرما ۋە تەلەپلەرنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋە كەمتۈكلۈكلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، ئاجىز ھالقىلارنى كۈچەيتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، مەسىلىنىڭ ھەممىسنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈزىتىش، دەل جايىدا تۈزىتىش، خىمغا يېنىپ قالماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈزىتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى، سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسىنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى قەيەردە بولسا، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنىڭ شۇ يەرگە بېرىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ چىن بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئالتىنچى، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمەت مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چوڭ دائىرىدە نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئورتاق تۇتۇش، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ھەمكارلىشىپ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى، 1 ـ شۇجى ۋە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

چېن گاڭلياڭ:

# تۆگە باقىدىغان چارۋىچىلارنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بېرىمەن

☐ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ

«ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ پۇختا قىلىش كېرەك، قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەسلىك، قۇرۇق گەپكە بېرىلمەسلىك، بەلكى ھەقىقەتنى ئىزدەش پوزىتسىيەسى بىلەن پۇختا ئىشلەش كېرەك. مۇشۇ پوزىتسىيە بىلەن بىلىم ئالغاندا، ھەقىقەت ئايدىڭلىشىدۇ، مۇشۇ پوزىتسىيە بىلەن ئىش قىلغاندا، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ» بۇ لى داجاۋنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى، شۇنداقلا مېنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە تۇتقان بىر خىل پوزىتسىيەم» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ۋاڭيۈەن بىيو پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى چېن گاڭلياڭ.

12 يىلدىن بۇيان، چېن گاڭلياڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدە يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭ ۋاڭيۈەن بىيو تېخنىكا گۇرۇھىنى قۇرۇپ، نامراتلارنى پائال يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بېرىلىپ، تۆھپە قوشۇشنى خۇشاللىق دەپ بىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، چېن گاڭلياڭ «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى، شان ـ شەرەپكە نىسبەتەن ئۇ كۆلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «زىممەمدىكى يۈكنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم، مەن يەنە داۋاملىق تىرىشىپ تۆگە باقىدىغان تېخىمۇ كۆپ چارۋىچىنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن».

بۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزنى تۇنجى قېتىم ئېيتىشى ئەمەس، 2007 ـ يىلى ئۇنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودىكى يۇرتىدىكى ئەۋزەل تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ بۇرۇلتوقايغا كېلىپ، تۆگىچىلىك كەسپىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، 12 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ بىرلا ئىشنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى پەقەت چارۋىچىلارغا بەرگەن ۋەدىسى ئۈچۈنلا ئىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدا، ئىلگىرى قاتناش قورالى قىلىنىدىغان تۆگە چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىدىكى «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ»كە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، ئالتاي ۋىلايىتىدە 2700دىن ئارتۇق تۆگە باقىدىغان ئائىلە تۆگىچىلىك كەسپىدىن نەپ ئېلىۋاتىدۇ، پۈتكۈل شىمالىي شىنجاڭدا بولسا 5500دىن ئارتۇق تۆگە باقىدىغان چارۋىچى ئائىلىسى تۆگە بېقىش، سۈت پونكىتى باشقۇرۇش، توشۇشقا قاتنىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. تۆگىچىلىك كەسپى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى «جانلىنىۋاتقان كەسپ»، نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارنى بېيىتىدىغان كەسپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى.

يېقىندا، ۋاڭيۈەن گۇرۇھى تەخمىنەن 2 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالغان، ساياھەت، مەبلەغ سېلىش، ساغلاملىق ـ كۆڭۈل ئېچىش، ئىستېمال قىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان كۆلىمى 380 مو كېلىدىغان «جۇڭگو تۆگىچىلىك بازىرى» تۈرى رەسمىي قۇرۇلۇش قىلىش باسقۇچىغا كىردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جېمنەي ناھىيەسى بىلەن ھەمكارلاشقان يېڭى تۈر «ۋاڭيۈەن جېمنەي ۋەنتو باغچىسى»نىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتىمۇ تاماملاندى، 800 مو تەجرىبە ئوتلىقىدا دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن 2000 تۆگە كىرگۈزۈش پىلانلىنىپ، ياندىش ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن كېلىشىم ئىچىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن ھەربىر نامرات ئائىلىگە ئىككىدىن سېغىن تۆگە بېرىلىدۇ ھەم 1000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

كارخانىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يار ـ يۆلەك بولۇش يولىدا، چېن گاڭلياڭ ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، چېن گاڭلياڭ بىر مۇكەممەل تۆگە سۈتى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش زەنجىرى بەرپا قىلدى. شىركەت دەسلەپتە قۇرۇلغان چاغدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 600دىن ئارتۇق تۆگە باقىدىغان نامرات ئائىلىنى جەمئىي 1200 قېتىمدىن ئارتۇق قەرز پۇل ۋە كېپىللىك قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى، سوممىسى جەمئىي 90 مىليون يۈەندىن ئاشتى. سېغىن تۆگە باقىدىغان ئائىلىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ۋاڭيۈەن گۇرۇھى 2012 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە باقمىچى چوڭ ئائىلىلەرنى قىممىتى 2 مىليون يۈەنلىك 50 يۈرۈشتىن ئارتۇق توڭلىتىش ئۈسكۈنىسى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. 2013 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىركەت ئىلگىرى ـ كېيىن 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، چارۋىچىلارنى بېيجىڭ، شاڭخەي، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق جايلارغا سەيلە ـ ساياھەتكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، چارۋىچىلارنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتتىن مىننەتدار بولۇش ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى.

بۇ يىل، ۋاڭيۈەن گۇرۇھى بازارنى بارغانسېرى كېڭەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1300دىن ئارتۇق مەخسۇس سېتىش دۇكىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىركەت چەت ئەللىكى بازىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئامېرىكا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق 13 دۆلەتتە چەت ئەلدە سېتىش نۇقتىسى قۇردى.

«مەن بىر ئادەمنىڭ كۈچى بەكلا ئاجىز، بىر كارخانىنىڭ كۈچىمۇ چەكلىك، لېكىن مەن تۆگىچىلىك كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جېگرا رايونىدىكى تۆگە باقىدىغان تېخىمۇ كۆپ چارۋىچىنى پۇل تېپىپ، ياخشى كۈن كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، بەخت كۆرەش قىلىشتىن كېلىدۇ، مەن گۈزەل كەلگۈسىنىڭ چوقۇم رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى چېن گاڭلياڭ.